


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سىكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالىي مەكتەپ يەرلىك ئالاھىدە ۋە
مىللىيچە دەرسلىك قۇرۇلۇشى پىلانى تۈرىدىكى دەرسلىك

# تەمبۇر دەرسلىكى

②

# 弹布尔教程



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



مىجىت يۇنۇس 1959 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەلپىندە تۇغۇلغان، 1974 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ تەنبۇر كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان، ئۇستازى شىرمۇھەممەت نۇراخۇننىڭ تەربىيىلىشىدە 1977 - يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، تەنبۇر ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئېلىپ قېلىنغان. هازىر ئۇ مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، مىللىي مۇزىكا - مۇقام كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مىجىت يۇنۇس ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا سەنئەت بېغىنىڭ ياراملىق كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا هارماي ئىزدىنىپ، تەنبۇر ماهىرلىرىنى تەربىيىلەپ، تەنبۇر كەسپىدىكىلەرنىڭ سىستېمىلىق تەربىيىلىنىشىگە زور كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مەتتىمىن 1990 - يىلى 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ مىللىي چالغۇ مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، مىجىت يۇنۇس مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «مۇنەۋۋەر يېتەكچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مىجىت يۇنۇس 2005 - يىل 10 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت مەھكىمىسى مۇكاپاتى — مەدەنىيەت - سەنئەت ئىنستىتۇت مۇكاپاتىنىڭ يەككە ئورۇنداش تۈرى بويىچە تەنبۇر بىلەن «ئەجەم» نى ئورۇنداپ ئالتۇن مۇكاپاتقا، كوللېكتىپ ئورۇنداش تۈرى بويىچە كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2005 - يىل 7 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەنئەت كۆرىكىدە ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان «چەبيات مۇقامى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۆزى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «مۇنەۋۋەر يېتەكچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئابدۇۋەلى ساتتار 2008 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت مەھكىمىسى مۇكاپاتى — مەدەنىيەت - سەنئەت ئىنستىتۇت مۇكاپاتىنىڭ يەككە ئورۇنداش تۈرى بويىچە كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2009 - يىل 2 - ئايدا نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە مىللىي چالغۇلارنى يەككە ئورۇنداش تۈرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكا-

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالىي مەكتەپ يەرلىك ئالاھىدە ۋە
مىللىيچە دەرسلىك قۇرۇلۇشى پىلانى تۈردىكى دەرسلىك

# تەمبۇر دەرسلىكى

②


مىجىت يۇنۇس
شىرمۇھەممەت نۇراخۇن




شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

弹布尔教程：维吾尔文/米吉提·尤努斯，西尔买买提·努拉洪编·
乌鲁木齐：新疆教育出版社，2009.9

自治区高校地方特色和民文教材
ISBN 978 - 7 - 5370 - 7473 - 5

Ⅰ·①弹… Ⅱ·②米… Ⅲ·①维吾尔族 - 拨乐器 -
泰法 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ·①J632.39

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 167725 号

---

| | | | |
|---|---|---|---|
| 编　　辑： | 吾买尔·穆罕买德 | ئۆمەر مۇھەممەت | مۇھەررىرى: |
| 责任编辑： | 牙里坤·肉孜 | يالقۇن روزى | مەسئۇل مۇھەررىرى: |
| 制作五线谱： | 阿布都外里·阿布来提 | ئابدۇۋەلى ئابلەت | نوتىسىنى تىزغۇچىلار: |
| 责任校对： | 克依木·吐尔逊 | قەييۇم تۇرسۇن | مەسئۇل كوررېكتورى: |

自治区高校地方特色和民文教材建设计划立项教材
**弹布尔教程（2）**
（维吾尔文）
*
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ　　　　باستى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى
*
فورماتى: 787 × 1092، 1/16؛ باسما تاۋىقى: 12.00
2009 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 - 3000
ISBN 978 - 7 - 5370 - 7067 - 6

باھاسى: 50.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)
نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: (0991)2863761, 2870654

# كىرىش سۆز

مۇزىكا — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئومۇملاشقان ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھەممىدىن زور سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن ئۈن-ئاۋاز قۇرۇلمىلىرى ئارقىلىق، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاسىتىسى، ئىنسانلار مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى. مىللىي مۇزىكىلار مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر خىل شەكلى ۋە يەتكۈزۈش ۋاسىتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىگە مول مەدەنىيەت ۋە كۆپلىگەن تارىخىي مەزمۇنلارنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە خاس بەدىئىي سېھرىي كۈچ ئارقىلىق ئۇزاق يىللىق تارىخىي كەچۈرمىشلەرگە ھەمراھ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

تەمبۇر ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى خەزىنىسىدىكى ئەڭ تەسىرچان، ئىپادىلەش كۈچى ئەڭ زور تارلىق چالغۇلارنىڭ بىرى. تەمبۇر دەرسى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت مەكتەپلىرىمىزدە كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆتۈلۈپ كېلىۋاتقان دەرس. تەمبۇر ئوقۇتۇشى ساھەسىدە ئىلگىرىكى ئۇستازلار تەمبۇر چېلىشنىڭ نەزەرىيىۋى قائىدىلىرىنى تۇرغۇزۇش، ئورۇنداش تېخنىكىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ پېشقەدەم تەمبۇر ئۇستازى، دوتسېنت شىرمۇھەممەت نۇراخۇن 2003-يىلى تۈزگەن «تەمبۇر» دەرسلىكى تەمبۇرنىڭ تېخنىكىلىق نەزەرىيىسى ۋە ئورۇنداش ئۇسۇلى قېلىپلاشتۇرۇلغان تۇنجى دەرسلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت مەكتەپلىرىدە، ئىشلىتىلىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى. بۇ قېتىم بىز ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مۇتەخەسسىسلەردىن پىكىر ئېلىپ تەمبۇرنىڭ تېخنىكىلىق نەزەرىيىسىنى ۋە ئورۇنداش ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەمبۇر ئۆگىنىش ۋە تەمبۇردا مۇزىكا ئورۇنداشتا جەزمەن ئىگىلەشكە تېگىشلىك قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، شۇنداقلا مەشىق ئاھاڭلىرىنى يىللىقلار بويىچە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇ «تەمبۇر دەرسلىكى» تۈزۈپ چىقىلدى.

دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. دەرسلىكنىڭ نەزەرىيە قىسمىنى يېزىشقا پروفېسسور ئىمىن ئەخمىدى يېقىندىن ياردەمدە بولدى. تۈزۈش جەريانىدا شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ شۇجىسى رازاق نۇر، پروفېسسور گوگاڭ ۋە توقان سىماغۇل، دوكتور ئۆمەر مۇھەممەت، دوتسېنت ئابدۇكېرىم ئوسمان ۋە ئالىم قادىرلار قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، مۇزىكىشۇناس سۇلايمان ئىمىن، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، مۇزىكىشۇناس تۇرسۇنجان لىتىپ يەركەندى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتىنىڭ دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك دىرىژورى ئابدۇراخمان ئايۇپ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى.

# مۇندەرىجە


جۇنۇن (1) ............................................................ 1
جۇنۇن (2) سەن يار ئۈچۈن ............................................ 4
جۇنۇن (3) ئالتۇن بىلەن رەنا ........................................... 5
ئادارگۇل ............................................................... 7
ئامرىقىم كۆڭۈل شادى .................................................. 9
چىن مودەن ............................................................ 12
دەۋر چاقى ئىلگىرىلىمەكتە .............................................. 14
ئۆزھال مۇقامىنىڭ پەشرۇ مەرغۇلى ...................................... 21
راك مۇقامىنىڭ 1 ـ داستان مەرغۇلى ..................................... 26
راك مۇقامىنىڭ 2 ـ داستان مەرغۇلى ..................................... 31
راك مۇقامىنىڭ 3 ـ داستان مەرغۇلى ..................................... 34
راك مۇقامىنىڭ 4 ـ داستان مەرغۇلى ..................................... 38
راك مۇقامىنىڭ 5 ـ داستان مەرغۇلى ..................................... 40
راك مۇقامىنىڭ پەشرۇ مەرغۇلى ............................................ 43
راك مۇقامىنىڭ تەئەززە مەرغۇلى ......................................... 47
ئۇششاق مۇقامىنىڭ 1 ـ داستان مەرغۇلى .................................. 53
ئۇششاق مۇقامىنىڭ 2 ـ داستان مەرغۇلى .................................. 58
ئۇششاق مۇقامىنىڭ 3 ـ داستان مەرغۇلى .................................. 60
چەببىيات مۇقامىنىڭ 1 ـ داستان مەرغۇلى ................................ 62
چەببىيات مۇقامىنىڭ 2 ـ داستان مەرغۇلى ................................ 66
چەببىيات مۇقامىنىڭ 3 ـ داستان مەرغۇلى ................................ 68
چەببىيات مۇقامىنىڭ 4 ـ داستان مەرغۇلى ................................ 70
تۈرك مارشى ........................................................... 73
ۋېنگىرىيە ئۇسسۇل مۇزىكىسى 5 ـ ........................................ 77
چارداش ............................................................... 80
كەشتىچى قىز .......................................................... 84
نوزۇگۇم .............................................................. 90
گۈزەل يۇرتۇم ......................................................... 96
قەر ناۋا .............................................................. 105
كورت ................................................................ 111

«كۆن ۋە تۆن» دىن ئارىيە ........................................ 118
ۋەتەن بىغىدا ........................................ 124
ئۆسەك ........................................ 134
ئۆسەك سەكتىسى ........................................ 138
نىم پەدە ........................................ 142
ئەشۋاي ........................................ 151
ئەجەم ........................................ 164

قوشۇمچە:

20 ـ ئەسىردىكى تەمبۇر ئۇستىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ........................................ 174

# جۇنۇن (1)

ئىلى خەلق ناخشىسى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : شىرمۇھەممەت نۇراخۇن

**Moderato** ♩ = 84







# جۇنۇن (2) سەن يارئۇچۇن

ھۈسىيىن تەمبۇر مۇزىكىسى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : شىرمۇھەممەت نۇراخۇن



# جۇنۇن (3)  ئالتۇن بىلەن رەنا

ئىلى خەلق ناخشىسى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : شىرمۇھەممەت نۇراخۇن

**Allegro** ♩= 110




f
f
p
1.
D.S.

# ئادار گۈل

خوتەن خەلق ناخشىسى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : دىلمۇرات مۇھەممەد

**Moderato** ♩ = 96




1.
2.
p
mf
p
mf
p
mf

# ئامرىقىم كۆڭۈل شادى

قۇربان ئۆمەر مۇزىكىسى
تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : دىلمۇرات مۇھەممەد




mf
1.
2.
1.
2.
f
mp


♩ = 86
mf
mp
1.
2.
1.
2.

# چىن مودەن

ئىلى خەلق ناخشىسى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : شىرمۇھەممەت نۇراخۇن





# دەۋر چاقى ئىلگىرىلىمەكتە

قۇربانجان روزى مۇزىكىسى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




1
p
f
mp
f
p
mp


p
p
mp
p
p
mp
f
p


mp
p
mp
p
mf


f
p
mf
p


mf
p
mf
f
mf
f


p
f
mp
f
f
mp
rit

# ئۆزھال مۇقامىنىڭ پەشرۇ مەرغۇلى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : شىرمۇھەممەت نۇراخۇن

**Allegro** ♩ = 120




f
p
f
f
f


mf
f
f


1.
2.
p
mf
f
p
cresc


sf
f
f
f

# راك مۇقامىنىڭ 1-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس

**Allegro** ♩ = 110




mp
f
mf
tr
f
tr
mp
mf
tr
f
p


mf
1
1
p
p
mf
mf


f
mp
p
mp
p
f
p
f
tr


mp
tr
tr

# راك مۇقامىنىڭ 2-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس





tr
mf
mp
mf
mp


mf
mp
mf
mp
mf
tr

# راك مۇقامىنىڭ 3-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۈنۇس






p
mf
p
mp



# راك مۇقامىنىڭ 4-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۈنۈس




p
mp
p
mp
p
mp

# راك مۇقامىنىڭ 5-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




1.
2.
f
mf
p
mp
1.
2.
p


tr
1.
2.

# راك مۇقامىنىڭ پەشرۇ مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




tr
tr
f
1.
mp
2.
mp


f
mp
f
mp


f
mf
p
mf
f
1.
2.

# راك مۇقامىنىڭ تەئەززە مەرغۇلى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۈنۈس




1.
2.
1.
2.
mp
p
mf


mp
mf
mf
p
f


p
f
mp
p
mf
p
mf


1
p
mp
p
mp
p
mf
p
mf


1.
2.

# ئۇششاق مۇقامىنىڭ 1-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : شىرمۇھەممەت نۇراخۇن

**Allegretto** ♩ = 120




mp
p
f
mp
f
mp
p


mf
p
mp
p


mp
mf
mp


tr
tr
tr
tr
tr
tr

# ئۇششاق مۇقامىنىڭ 2-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




tr
mf
f
D.S.
mp
tr

# ئۇششاق مۇقامىنىڭ 3-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس





# چەببىيات مۇقامىنىڭ 1-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




mf
1.
p
mp
1.
2.
p
p
mf


mp
p
tr
1.
2.
mp
1.
2.



# چەببىيات مۇقامىنىڭ 2-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




f
mf

# چەببىيات مۇقامىنىڭ 3-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




tr
mp
mp
mf

# چەببىيات مۇقامىنىڭ 4-داستان مەرغۇلى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس







mp
1.
2.
mf
1.
2.

# تۈرك مارشى

موزارت مۇزىكىسى

**Allegro**





mp
mf
p
mp


mf
mp
mf
mp
p
tr
f
1.
2.
f
mp
mf


f
mf

# ۋېنگىرىيە ئۇسسۇل مۇزىكىسى-5

برامىس مۇزىكىسى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مەجىت يۇنۇس

**Largo**




mp
mf
f
mf



# چارداش

بې . مۇنتې مۇزىكىسى




crescmolt
f
mf
p
pp
cresc molt
f
f
grazios mf
f


f
f
pp
molto rall
Allegro
p
p
p
p
cresc
poc
rall
1
f


f
p
f
f
ff
ff

# كەشتىچى قىز

شەنشى خەلق ناخشىسى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس

**Moderato** ♩ = 70





1
1.
2.
p
1.
2.
mf
1
1
tr


8
poco a
tr
7
♩ = 60
1
3
4


1
rit
tr
Pizz
♩ = 120
mf
♩ = 150
f


8
mf
8


rit
a.temp
mp
f
f

# نۇزۇگۇم

شىرمۇھەممەت نۇراخۇن مۇزىكىسى




Moderato ♩ = 90
cresc
f
mp
tr
mf
tr


tr
cresc
ff
mf




tr
1


3

# گۈزەل يۇرتۇم

شىرمۇھەممەت نۇراخۇن مۇزىكىسى




p
mp
f
dim


1.
2.
mp
1.
2.
f
ff


1.
2.
rit
= 116
3
4




f
cresc
f
sf
f
mf
f
mf


1.
mp


mp
p


rit
rit

# قەر ناۋا

ئۆزبېك مۇزىكىسى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : ئابدۇۋەلى ساتتار

**Allegretto** ♩ = 140




mf
mp
mf
p
mf
mp
mf


f
mp
p
mf


mp
mf
mp
f
mf


mp
f
mf
mp
mf
mp


f
mf
mp
mf

# كورت

( كلاسسىك مۇزىكا )

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مەجىت يۇنۇس ،شەرمۇھەممەت نۇراخۇن




tr
tr



tr


1.
2.
1.
2.
tr
f
mp




1.
2.
tr


rit
tr

# «كۈن ۋە تۈن» دىن ئارىيە

قۇربان ئىبراھىم مۇزىكىسى
تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : ئابدۇۋەلى ساتتار

**rubato**




f
p
mf
p
mf
f
p
mf


p
mp
p
mf
p
mf



1.
2.
p
mf
p
f
mf


p
mf
p
9
mf


p
mf
rit

# ۋەتەن بېغىدا

ئەبەيدۇللا تۇردى مۇزىكىسى

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




mf
p


mp
tr
3
p
mp




3
♩ = 140
2
mf
1.
2.


7
p
f


mp


1.
2.
1.
2.
mf




rit
p

# ئۆسەك

كلاسسىك مۇزىكا

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس

♩. = 104








2.
3.

# ئۆسەك سەكتىسى

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس




tr
p
tr
mp
tr
tr
tr


f
mf
tr
1
mp
mf
tr


tr
f
mf
rit

# نىم پەدە

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس ، شىرمۇھەممەت نۇراخۇن

**Moderato** ♩ = 115






tr
tr
tr
tr
f
mp
mf
f
mp


f
mp
mf
mp
mf


mp
mf
♩ = 106
mp
f
tr
mf


mp
mf
♩= 120
f
mf
mp
mf




p
mp
p
mf
p
mf


rit

# ئەشۋاي

كلاسسىك مۇزىكا

تەمبۇر ئۇچۇن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس ، شىرمۇھەممەت نۇراخۇن





tr
mp
mf
f
mf


mp
f
mf


mf
mf
p
mf
mp
mf
1.
2.


p
mf
mp
mf
tr
f


mf
p
f
tr
mf


mf
tr
1.
mp
mf
tr tr
1.
2.
p
f


mf
tr
tr tr
p
mf
tr
tr tr


p
mf


f
mf
tr



♩ = 96
mf
1.
tr
mp
mf
mp
mf
p
mf


1.
2.
tr
f
mf


rit
tr
tr

# ئەجەم

كلاسسىك مۇزىكا

تەمبۇر ئۈچۈن نوتىلاشتۇرغۇچى : مىجىت يۇنۇس ، شىرمۇھەممەت نۇراخۇن






p
mp
p
mp
②
mf
p
mp


p
7
7
7
p
mp
p
mp


3
f
mf
tr
4


p
mf
tr tr
tr tr


mp
5
6


p
mf
mp
p
mf
p


p
⑦
f
mp
f
p
mf


rit
mf
pp

# 20 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر تەمبۇر ئۇستىلىرىنى تونۇشتۇرۇش

## 1. مۇساجان روزى



مۇساجان روزى 1924 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ
كۆنچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەل ـ
نەغمىچىلىك بەش ئەۋلاد مىراس ئىدى. مۇساجان روزى ـ
نىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى توختىيار قالۇن ئۆز زامانىسىدا يە ـ
كەن خانىدانلىقىنىڭ ئوردا چالغۇچىسى بولۇپ، قالۇن
چېلىش بىلەن داڭق چىقارغان. مۇساجان روزىنىڭ چوڭ
بوۋىسى مۇسىراخۇن ساتار چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن
ئەل ئىچىدە شۆھرەت تاپقان. بوۋىسى مەمتىلاخۇن دۇ ـ
تار بىلەن ساتارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان سازەندى ـ
لەردىن ئىدى. مەمتىلاخۇن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلى ـ
رىدا مۇساجاننىڭ دادىسى روزى ئاخۇننى ئېلىپ ئىلىغا
چىققان. روزى ئاخۇن كېيىن ئىلى خەلقى ئارىسىدا
«روزى دۇتار»، «روزى ساقال» دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر بولغان.

مۇساجان دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن يەتتە يېشىدىن باشلاپلا دۇتار، تەمبۇر، ساتار، چاڭ،
ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى مەشىق قىلغان. كېيىن ئۇ، ئەينى يىللاردا ئى ـ
لىنىڭ توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلىرىنى قىزىتىپ داڭق چىقارغان روزى تەمبۇر، ھۇسىيىن
تەمبۇر، ھېزىم موللا، ساۋۇتكام بىدىك، جانى يولداشوف قاتارلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن
ئون ئىككى مۇقام ۋە ئىلى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشنىڭ قائىدىلىرىنى كۆ ـ
ڭۈل قويۇپ ئۆگەندى. 1942 ـ يىلى ئۇ غۇلجا سانائىنەپىسگە قوبۇل قىلىندى. 1944 ـ يى ـ
لى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپلەردە بولدى ۋە مىللىي ئار ـ
مىيە سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناشتى.

مۇساجان روزى ئارمىيىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆمرىنى سەنئەت مائارىپى
سېپىدە ئۆتكۈزۈپ، مىللىي مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەر ـ
نى قوشتى. ئۇ 1946 ـ يىلى غۇلجا شەھەر روشەن مەكتىپىدە مۇزىكا دەرسى بەردى. 1947 ـ

يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە تارباغاتاي سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكا مۇئەللىمى ۋە مۇزىكانت بولۇپ تۇردى. 1949 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە دۆربىلجىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكانت ۋە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1950 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ، شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇردى. 1951 ـ يىلى غەربىي شىمال سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ قارمىقىدا مىللىي سەنئەت فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنغاندا، غەربىي شىمال سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى لىۋ مىڭنەن ۋە مىللىي سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى قەمبەرخانىملارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مۇساجان بۇ يەرگە كېلىپ دەرس ئۆتتى. 1955 ـ يىلدىن باشلاپ سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1958 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىگە يۆتكىلىپ تاكى 1989 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماي، 14 قارارىدىن ئوشۇق مىللىي مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مۇزىكانتلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. مۇساجان روزى تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلار ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرىدا غوللۇق خادىملاردىن بولۇپ ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشماقتا.

مۇساجان روزى مول ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە مۇزىكا ئۇستازى. ئۇ ئەينى يىللاردا غەربىي شىمال ئىنىستىتۇتىدىكى ئاتاقلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىسى خەن مىڭدا، شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىدىكى مۇھەممەتجان ئىسمايىللاردىن نوتا نەزەرىيىسى، سەنئەت نەزەرىيىسى قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، راۋاب، نەي قاتارلىق چالغۇلارنىڭ تۇنجى دەرسلىك قوللانمىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بولۇپمۇ، ئۇ تۈزگەن «دۇتار ـ تەمبۇر دەرسلىكى» مىللىي چالغۇلار ھەققىدە ئۆلچەملىك دەرسلىكلەر كەم بولۇشتەك مەسىلىنى ھەل قىلىپ، شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ بىردىنبىر دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

مۇساجان روزى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن دۇتار ـ تەمبۇر ياساشتا دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، چالغۇلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. ئىلگىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان دۇتار، تەمبۇرلىرىمىزدە چوڭ ـ كىچىك، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئۆلچەمسىز، ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇشتەك نۇقسانلار مەۋجۇت ئىدى. ئۇ دۇتار، تەمبۇرلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئىلمىي ئاساستا ئۆلچەملەشتۈردى. خەرەك، پەدە سانى، پەدە ئورنى، ياغاچ ماتېرىياللىرى جەھەتلەردە ئىنچىكە ئىزدىنىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ مۇڭى، جاراڭلىقلىقى ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇردى، كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈردى. مۇساجان روزى ئۆزىنىڭ بۇ ئەمگەكلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ، «دۇتار ئىسلاھاتى ھەققىدە»، «تەمبۇر ئىسلاھاتى ھەققىدە»، «چالغۇ ئەسۋابلارغا كېرەكلىك ھەرخىل ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ياز-

دى. 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «مىللىي مۇزىكا ئىسلاھاتى بويىچە باھالاش ـ مۇكاپاتلاش يىغىنى» دا ئۇ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇساجان روزى كۆپ خىل مۇزىكا قوراللىرىنى چالالايدىغان، ئەتراپلىق يېتىلگەن چالغۇچى. بولۇپمۇ، ئۇ دۇتار چېلىش تېخنىكىسىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈپ، چېلىش ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ دۇتارغا قول ئۇرۇش ۋە پەدە بېسىشلىرى ئۆزگىچە، ئۇ دۇتاردا ئورۇنلاۋاتقان ناخشا ـ مۇزىكىلار ئېنىق، ئويناق، نەپىس ئاڭلىنىپ، كىشىگە چوڭقۇر ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. شۇڭا، كۆپچىلىك مۇساجان روزىغا «دۇتار پىرى» دەپ نام بەرگەن. ئۇ دۇتاردا ئورۇنلىغان «ھىجرانىڭمەن»، «ۋادەرىخا»، «سارىخان» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى ۋە يۇرۇشلەشكەن ئەلى ناخشىلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ. ئۇ ئىجاد قىلغان «ئەل ئۇچۇن كۆيسەڭ سۆيەي»، «شۇنچىمۇ»، «قالدى ئىز»، «سازچىمەن ـ سازەندىمەن»، «سايرىدى خۇشال بۇلبۇل» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلار مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، ئاممىباب، يېقىملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلق ئارىسىغا ئومۇملىشىپ كەتتى.

مۇساجان روزىنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدىكى بىلىمىمۇ چوڭقۇر. ئۇ ئەينى يىللاردىكى روزى تەمبۇر ئاچقان كۇرسلارغا قاتنىشىپ مۇقام ئۆگەنگەن، تۇرداخۇن ئاكا بىلەن روزى تەمبۇرلەر مىراس قالدۇرغان مۇقاملار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ خەلق ناخشىلىرى ۋە ئون ئىككى مۇقام ۋارىيانتلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان. مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئابلىزخان مامۇت، قۇربان ئۆمەر، ئابلىكىم ئابدۇللا، غىياسىدىن بارات، ھۇسەنجان ھەسەن، ئابلىز شاكىر قاتارلىق داڭلىق سەنئەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇساجان روزىنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بولغان.

## 2. شىرمۇھەممەت نۇراخۇن



شىرمۇھەممەت نۇراخۇن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ مۇزىكا ئىشلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

شىرمۇھەممەت نۇراخۇن 1942 ـ يىلى غۇلجا ناھىيە يۇقىرىقى پەنجىم يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1945 ـ يىلى غۇلجا شەھەر بايكۆل مەھەللىسىگە كۆچۈپ كىرگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش جەريانىدا مەكتەپلەردىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە

ئاكتىپ قاتنىشىپ پىشقەدەم سەنئەتكارلارنى ئۇستاز تۇتۇپ تەنبۇر چېلىشنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. 1960 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ سىستېمىلىق، مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان. سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا ئۇستازى مۇساجان روزى ۋە ئاتاقلىق چالغۇچى ھۇسەنجان جامى، قۇربان ئۆمەر، غىياسىدىن بارات، قۇربان ئىبراھىملاردىن ئەتراپلىق بىلىم ئالغان.

شىرمۇھەممەت نۇراخۇن 1964 - يىلى سابىق شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا كەسپىدە تەنبۇر كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ئۆز مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ ئوقۇۋاتقان يىللاردا ئىلمىي ئاساستا يېزىلغان تەمبۇر دەرسلىكى يوق ئىدى. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان شىرمۇھەممەت تەمبۇر دەرسلىكى يېزىشتا، ئوقۇتۇش، تەتقىقات، تەكرار ئىزدىنىش ئارقىلىق تەنبۇر كەسپى دەرسلىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، 30 قاراردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەنئەت ئورۇنلىرىغا كۆپلىگەن سەنئەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن.

بۇ ھەقتە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىرمۇھەممەتنىڭ 2008 - يىل ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسىدا «شىرمۇھەممەت نۇراخۇن بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ سەنئەتكە ھەۋەس قىلىپ، پىشقەدەم سەنئەتكارلارنى ئۇستاز تۇتۇپ تەمبۇر چېلىشنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىن كېيىن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ سىستېمىلىق، مۇنتىزىم تەربىيە ئالدى. سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا كامالەتكە يەتتى. سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا زور نەتىجە قازاندى. بولۇپمۇ نۇرغۇن ئىختىساسلىق سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ سەنئەت مائارىپىغا، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەم جەمئىيەتكە ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى قوشتى. شىرمۇھەممەت نۇراخۇن ئۆزىگە خاس چېلىش، ئېيتىش ماھارىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. مەن شىرمۇھەممەتنىڭ سەنئەت ھاياتىنى، سەنئەت مائارىپىدىكى مول تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، سەنئەت بايلىقىمىزنى قېزىش، رەتلەش، ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئۇنىڭ مۇزىكا مائارىپىدىكى قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەرگەن.

شىرمۇھەممەت ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى. 1982 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ ساداسى» مۇزىكا كۆرىكىدە ئۇ ئىجاد قىلغان «نوزۇگۇم» ناملىق تەمبۇر مۇزىكىسى 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «كېرەك بولسا»، «ۋەتەن سۆيگۈسى» ناملىق ناخشىلارنىڭ مۇزىكىسى مەملىكەتلىك 12 - قېتىملىق ئۇيغۇرچە ناخشا - مۇزىكا مۇسابىقىسىدە 1 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2005 - يىلى ئاپتونوم

رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇكا-پاتلىق ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە «ئۇستاز» ناملىق ناخشىنىڭ مۇزىكىسى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا «قاش سۇيى»، «باغۋەن قىز»، «سېنىڭ رايىڭ»، «گۈزەل يۇرتۇم»، «خەلقىم»، «بولسۇن»، «ۋىجدان»، «ئىناق دوستلار»، «با-لىلار مارشى»، «خۇشال ئەۋلادلار» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى رادىئودا ۋە ئوقۇتۇش ئىش-لىرىدا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. شىرمۇھەممەت 1980 ـ يىللاردا نوتىغا ئالغان مۇرەككەپ كلاسسىك تەمبۇر ئاھاڭلىرىدىن: «ئەجەم»، «نىم پەدە»، «ئەشۋاي»، «كورت»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ»، «چىم بۇلاق» قاتارلىق ئاھاڭلار 1995 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى نەشر قىل-غان «شىنجاڭ مىللىي چالغۇلار دەرسلىكى ئاھاڭلار توپلىمى» دا ئېلان قىلىنىپ تارقىتىلغان.

ئۇ تۈزگەن «تەمبۇر» دەرسلىكى 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدا شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلىپ مەزكۇر ئىنستىتۇت ۋە باشقا سەنئەت مەكتەپلىرىدە ئۆ-تۈلمەكتە.

شىرمۇھەممەت يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 2000 ـ يىل 9 ـ ئايدا تارقاتقان «ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكەن شەرەپلىك ئوتتۇز يىل» ناملىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

شىرمۇھەممەت 2008 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ۋە «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «ئۇزاق يىلدىن بۇيان كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭىز ھەمدە مۇزىكا مائارىپى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىڭىز ئۈچۈن بۇ گۇۋاھنامە بېرىلدى» دېگەن گۇۋاھنا-مىگە ئېرىشكەن.

## 3. ھۇسەنجان جامى



تالانتلىق كومپوزىتور، مۇقامشۇناس، مەشھۇر تەمبۇر ماھىرى، ئۇستاز ھۇسەنجان جامى 1930 ـ يىلى غۇلجان شەھىرىنىڭ قارىدۆڭ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

ھۇسەنجان جامىنىڭ چوڭ بوۋىسى شاكىر ئاخۇن، بو-ۋىسى زاكىر ئاخۇنلار ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق سازەندى-لىرى ئىدى. ھۇسەنجان جامىنىڭ دادىسى جامى ئاكا كا-رۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن كېيىن ئىلىدا دەۋر سۈرگەن داڭلىق ساز ئۇستىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھۇسەنجان جامىنىڭ ئا-نىسى مەريەمخان ھەدىمۇ ئۇستا دۇتارچىلاردىن ئىدى. مانا مۇشۇنداق سەنئەت مۇھىتىدا ئۆسكەن ھۇسەنجان جامىنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارى بالا ۋاقتىدىلا يېتىلگەن. ئۇنىڭ دەس-لەپكى مۇزىكا ئۇستازى ئۆز ئاتىسى بىلەن ئانىسى بول-

غان. ھۆسەنجان جامى 8 — 9 ياشلىرىدىلا رەسمىي مۇزىكا چالالايدىغان بولغان ئىدى.

ھۆسەنجان جامى قارادۆڭدىكى «ياردەم» مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى مەكتەپنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ ئىلىدا «ئىتتىپاق» تىياتىرى قۇرۇلغاندا، «بالا سازەندە» ھۆسەنجان جامىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قاتارلىق سەنئەتچىلەر ھۆسەنجاننى تىياتىرغا ئېلىپ كېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ھۆسەنجان تىياتىرغا قاتناشقاندىن كېيىن مەتتاھىر ھەسەن، نۇرمۇھەممەت ناسىر، ئابدۇنەبى ماناپوف، ئىسكىرىپكىچى سەيدۇللامغا ئوخشاش ئۇستا سازەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. مۇزىكا سەھنىسىگە رەسمىي قەدەم قويغان ھۆسەنجان روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتالار ئاچقان مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ مۇزىكا بىلىملىرىنى تولۇقلىغان. شۇ يىللاردا ھۆسەنجان جامىغا روزى تەمبۇر ئېيتقان مۇقاملار، جانىكام، روزەم سابىر (ساقال)، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قاتارلىق ناخشىچىلار ئېيتقان ناخشىلار چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇ زىكرى ئەلپەتتا، ھېزىم موللا، پاشا غوجا، غوپۇر ئەخمىدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دۇتارغا قول ئۇرۇشىغا قايىل بولغان. ھۆسەنجان جامى بۇ سەنئەتچىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرگەن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ھۆسەنجان جامى بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ، ئالدىنقى سەپتىكى پىدائىي قىسىملاردىن ھال سوراش پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلدى. 1953 - يىلى ئۇ چاۋشيەندىن قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ قالدى. ئۆمەك تەركىبىدە ئۇ ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى باشلىقى، مۇزىكا يېتەكچىسى، ئۆمەك باشلىقى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ھۆسەنجان جامى بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ئاددىي خەلقنىڭ مۇشەققەتكە تولغان تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆككەن، خەلق ئاھاڭلىرىدىكى ھېسسىي چوڭقۇرلۇق، مۇڭ ۋە نەپىسلىكنىڭ تېگىگە يەتكەنىدى. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئىشلىگەن ئىجادىي ناخشا - مۇزىكىلار خەلقنىڭ ئاچقان يېرىگە يېتىپ بارالىدى. ھۆسەنجان جامى ھازىرغىچە «سالام جەڭچى ئوغلانلار»، «پەرھاد بول»، «ئىشچان يىگىت»، «ئازاد زامان»، «تاڭ نۇرى»، «خۇشاللىق 1 -»، «خۇشاللىق 2 -»، «ۋەتىنىم»، «ئەزىز خەلقىم»، «دوستلۇق»، «مەن ئۆلەرمەن»، «ئورما ئورىسەن»، «داشۆگە ئۆزىتىش» قاتارلىق يۈزگە يېقىن ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن قايتا ئوينالغان «غېرىب - سەنەم»، «غۇنچەم»، «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىگە ۋە «قىزىل چىراغ»، «تۇرپان ناخشىسى»، «كۈرەش يولى» قاتارلىق ئوپېرا ۋە سەھنە ئويۇنلىرىغا ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلىدى، خەلق ئاھاڭلىرىنى سەپلىدى. 1955 - يىلى پاشا ئىشان ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا فېستىۋالىدا ھۆسەنجان جامى ئىشلىگەن «ئازاد زامان»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» دېگەن ناخشىلارنى ئورۇنداش بىلەن كۈمۈش

مېدالغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىجادىيەتلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئەڭ قىممەتلىك يېرى، ئۇ ئىجاد قىلغان نۇرغۇن ناخشا ـ مۇزىكىلار ئاھاڭنىڭ يېقىشلىقى، ئۇدارلىرىنىڭ يېنىكلىكى، پاۋۇزلىرىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن خەلق ناخشىلىرى ئېقىمىغا قېتىلىپ، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ھۇسەنجان جامى بالا ۋاقتىدا يەنە دېۋانىلار، مەدداھلار ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ جەڭنامە، ھېكايە، ناخشا ـ قوشاقلىرىنى تىڭشايتتى. پېرىلەرگە، خانىقالارغا بېرىپ پېرە ئاھاڭلىرى، خانىقا ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭغا ھەرەمباغلىق مەشھۇر جامائەت ئەربابى، داڭلىق ھاپىز ئابۇزەر خەلپىنىڭ زىكرى ـ سۆھبەتلىرى كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانىدى.

ھۇسەنجان جامىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى بۇ كىشىلەردىن ئالغان بىلىملىرى كېيىن ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەندە ئەسقاتتى. ئۇ 1976 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ گۇرۇپپىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. مۇقاملارنىڭ ئۇنتۇلغان، چۇشۇپ قالغان ئاھاڭلىرىنى رەتلەش، تولۇقلاش ئىشلىرىدا ئۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۇردى. مۇقام داستانلىرىنى تەمبۇردە چېلىش، ئۇنىڭ مەرغۇللىرىنى ئورۇنداش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. 1954 ـ يىلىلا ئۇ «مۇشاۋرەك» مۇقامىنى مۇزىكىلاشتۇرغانىدى. ئۇ ئىشلىگەن «ئەجەم مۇقامى»، «ۋەتەنگە مەدھىيە» قاتارلىق مۇزىكىلارنى «مۇقام ئاھاڭلىرىغا تەقلىد قىلىپ ئىجادىي يېڭىلىق يارىتىش» نىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ھۇسەنجان جامى دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، چاڭ، ساتار، غىجەك، ناغرا قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى چالالايدۇ، بولۇپمۇ ئۇ تەمبۇر چېكىشتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان قابىل سازەندە. ئۇنىڭ تەمبۇردە ئورۇندىغان مۇزىكىلىرى ئېنىق، يېقىملىق، جاراڭلىق بولۇشتەك خاسلىقلىرى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. تەمبۇرگە ناخۇن چېكىش، سىيرىلما ئاھاڭ، تىترەتمە ئاھاڭ، ئەركىلەتمە ئاھاڭلارنى پەيدا قىلىش جەھەتلەردە ئۇ كۆپلىگەن ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى قوشۇپ يېڭىلىق ياراتتى. ئۇنىڭ تەمبۇردىكى ماھارىتى «ئەجەم» قاتارلىق خەلق مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا تولۇق نامايەن بولىدۇ. «ھۇسەنجان جامى» دېگەندە كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «ئەجەم» مۇزىكىسى ياڭرىغاندەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق كومپوزىتورى قۇددۇس خوجامياروف ۋە خالىسخانلار: «بىز ئەجەم دېسە ھۇسەنجان جامى، ھۇسەنجان جامى دېسە ئەجەم، دەپ تونۇيمىز» دېگەنىدى.

ھۇسەنجان جامى 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ئۇيۇشتۇرغان دوستلۇق دېلېگاتسىيىسى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق رېسپوبلىكىلارنى ئايلىنىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ كۈچىنى نامايىش قىلىپ ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. ھۇسەنجان جامى 1989 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپوبلىكىلارغا قايتا چىققاندا، ئۇ يەردىكى گې-

ـزىتلەر ھۆسەنجان جامىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان باھانى:

ئۇيغۇر خەلقى مەردانە،
ئەلنەغمىگە شەيدانە.
ھۆسەنجاندەك ئوغلانلار
بىر ئەسىردە بىر دانە.

دېگەن مىسراغا يىغىنچاقلىدى. ھۆسەنجان جامى يەنە تۈركىيە، ماراكەش، پاكىستان، شۋېتسارىيە، فرانسىيە، سۈرىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق ئەللەرگە ئويۇن قويۇشقا چىقىپ، ئۇيغۇر تەمبۇرىنىڭ ئاۋازىنى دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭراتتى.

يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىنى سەنئەت سېپىدە ئۆتكۈزۈپ، خەلق سەنئىتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ھۆسەنجان جامى ھازىر دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك چالغۇچى، 1 - دەرىجىلىك كومپوزىتور. ئۇنىڭ نامى «20 - ئەسىردىكى مەشھۇر شەخسلەر» قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى. 1993 - يىلى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە تونۇلغان ئون ئاتاقلىق مۇقامچىنىڭ بىرى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى.

## 4. نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن



نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن 1957 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ھەربىي سەنئەتكار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 5 يېشىدىن باشلاپ دادىسى تۇرسۇن چاڭدىن ساتار، تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ دادىسى 1958 - يىلى ئىلىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق تىياتىرخانىدا مۇزىكانت ھەم چالغۇ ياسىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. نۇرمۇھەممەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجىدا ئوقۇغان ۋە تەمبۇر ماھارىتىنى شۇ جايدا يېتىلدۈرگەن. 1976 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىگە (ساتار كەسپىگە) قوبۇل قىلىنغان. 1978 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە مۇقام گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا راك، چەبىيات، ئۇششاق مۇقاملىرىنى ئەينەن ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى شۇ قېتىملىق رەتلەپ نوتىغا ئېلىش خىزمىتىنىڭ تېز ئاياغلىشىشىدا زور رول ئوينىغان، بۇ جەرياندا ئۇ زىكرى ئەلپەتتا، ھۆسەنجان جامى، ئابلىزخان مامۇت قاتارلىق پېشقەدەم سەنئەتكارلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ كۆپلىگەن خەلق ئاھاڭلىرى ۋە مۇقاملارنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ 1982 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت مىللىي مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ تەمبۇر كەسپى بىلەن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھەم بىرقانچە خەلق ئاھاڭىنى مەركىزىي مۇزىكا

ئورکېستىرى بىلەن بىرلىشىپ ئورۇنداپ لېنتىغا ئالغان، بۇ جەريانىدا مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرى ئۇنى «تىلسىم ئادەم» دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا «چىمبۇلاق»، «ساتار كۈيى»، «دىل كۈيى»، «تەمبۇر شاھى»، «موناجات»، «ئەجەپ يىللار»، «كۈن ۋە تۈن»، «تەمبۇرۇم» قاتارلىق ئۈن - سىن پلاستىنكىلىرى نەشر قىلىنغان. «ساتار كۈيى»، «ئاتا قەدرى»، «خەت يازماي ئۆزۈڭ كەلگىن»، «رازى بول ئانا»، «يەنە كۆڭلۈم سېنى دەيدۇ» قاتارلىق 30 غا يېقىن ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغان.

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننىڭ تەمبۇر، ساتار بىلەن ئورۇندىغان خەلق ئاھاڭلىرى، مۇقام مەرغۇللىرى ۋە ئىجادىي ئاھاڭلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلغان.

نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ئۆزىنىڭ سېھرى كۈچكە تولغان مۇزىكىلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن مۇزىكانت ئىدى. شۇنداقلا تەمبۇر، ساتار، دۇتار قاتارلىق چالغۇلارنىڭ تەڭداشسىز ماھىرى ئىدى. ئۇ 2004 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەكشەنبە ئەتىگەندە يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن 47 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## 5. ھاسان تەمبۇر



ھاسان تەمبۇر 1873 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان، غۇلجا شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇپ، ئۇششاق تىجارەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ ئەتراپلىق يېتىلگەن كىشى بولۇپ، ئىلىنىڭ كلاسسىك چوڭ ناخشىلىرى بولسۇن، قىسقا ئۇدارلىق شوخ ناخشىلار بولسۇن، ئەر - ئاياللارنىڭ ئۇسسۇللۇق پەدىلىرى بولسۇن ھەممىنى ئوبدان بىلەتتىكەن. چالغۇلاردىن دۇتار، تەمبۇر چالاتتىكەن. ئۆزىنىڭ ناخشا - مۇزىكىدىكى تالانتى بىلەن ئەل ئىچىدە «ھاسان تەمبۇر» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت تاپقانىكەن.

ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام»، «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» دېگەن كىتابلارنىڭ ئاپتورى باتۇر ئەرشىدىنوفنىڭ يېزىشىچە، داڭلىق ناخشىچى ۋە تەمبۇرچى رۇشىدىنبەگ ھاسان تەمبۇرنىڭ دادىسى بولىدىكەن. رۇشىدىنبەگنىڭ ئاتىسى پەخەم موللا گايىتنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئىلگىرى ئىلى ھاكىمبەگ ئوردىسىنىڭ سازەندىلىرىدىن ئىكەن. 1881 - يىلى يۈز بەرگەن «كۆچ - كۆچ» ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇلار ياركەنتكە ئۆتۈپ گوبېرناتور ۋېلىباي يولداشوفنىڭ سورۇنىدا ساز چالغانىكەن. بۇ ئىككى داڭلىق سازەندە ۋېلىباينىڭ ئوغۇللىرىدىن تارتىپ پۈتۈن ياركەنت سازەندىلىرى توپىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئۇستاز بولغان.

جۇملىدىن، ھاسان تەمبۇرمۇ شۇ قاتاردا دادىسىدىن مۇزىكا تەلىمى ئالغان.

ھاسان تەمبۇر غۇلجا سانائىنەپىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى ۋە مۇزىكا يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى. شۇ يىللاردا ئىلى سەھنىلىرىدە ئوينالغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇ مۇقام ۋە خەلق ئاھاڭلىرىنى سەپلىگەن ھەمدە ئۆزى يېڭى ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلەپ كىرگۈزگەن. «ئالتۇنجان»، «دەردىڭ يامان»، «ئىككىنچى نالەش»، «نودەركام 1 ـ»، «ئېچىلغان گۈل قىزىلگۈل»، «چوڭ ئايارەي» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بەزى ئاھاڭلارنى تۈزۈپ، ئۆزى دۇتار بىلەن چېلىپ كوچا تەشۋىقاتلىرىغا قاتناشقان. ھازىر ئەينى ۋاقىتلاردا ھاسان تەمبۇرنىڭ شۇ يىللاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەن سەھنە ئەسەرلىرىگە ئىشلەپ كىرگۈزگەن ئاھاڭلىرىنىڭ زادى قايسىلىرى خەلق ئاھاڭلىرى، قايسىلىرى ئىجادىي ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقماق ئۈچۈنمۇ مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىلىدا مۇقامچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھاسان تەمبۇرنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور. پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، كارۇشاڭ ئاخۇنۇم دەسلەپتە سورۇنلاردا مۇقام ئېيتقاندا، ئاخۇنۇمنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغاچقا ئاۋازى پەس بولۇپ تەسىر قوزغىيالمىغانىكەن. ھاسان تەمبۇر كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئۆگەنگەن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ياڭراق ئاۋاز بىلەن، يەرلىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ پۇرىقىنى بېرىپ ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، تىڭشىغۇچىلارنىڭ باشقىدىن دىققىتى قوزغىلىپ قىزىقىشى ئاشقان.

ھاسان تەمبۇر ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تەڭداشسىز ئۇستىسى ئىدى. ئۇ 1946 ـ يىلى 73 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 6. ھۇسىيىن تەمبۇر



ھۇسىيىن تەمبۇر 1904 ـ يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان. ئەينى يىللاردا ئىلىدا ھەرخىل كەسىپتىكى ھۈنەرۋەنلەر ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سەنئەتچىلەر خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەيتتى. بولۇپمۇ، موزدوزلار ئارىسىدا نۇرغۇن خەلق ناخشىچىلىرى، سازەندىلەر بار ئىدى. ھۇسىيىن تەمبۇر ئەنە شۇ موزدوزلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان قابىل چالغۇچى.

ئىلىدا سازەندىلەرنىڭ تەمبۇرنى قايسى زامانلاردىن باشلاپ زەخمەكنى تاشلاپ ناخۇل بىلەن چالغانلىقىغا ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس. ئاتاقلىق مۇزىكانت ھۇسەنجان جامىنىڭ ئىنىسى ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئېيت-

تىشچە، ئۇلارنىڭ دادىسى — داڭلىق چالغۇچى جامى ئاكا ئۆز ۋاقتىدا تەمبۇرنى ھەم زەخمەكتە، ھەم ناخۇلدا چالاتتىكەن. تەمبۇرنى ناخۇل بىلەن چېلىش سازەندىلەرنىڭ تەمبۇرنى خىلمۇخىل ئويىنىتىپ چېلىش ماھارىتىنى تولۇق نامايەن قىلىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت ياردىتىپ بەردى. تەمبۇرنى زەخمەك بىلەن چېلىشتىن ناخۇل بىلەن چېلىشقا ئۆتۈشنىڭ ئۆزى چوڭ بىر ئىسلاھات ئىدى. ھۇسىيىن تەمبۇر 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا تەمبۇرنى ناخۇلدا چېكىپ چېلىش، دانە - دانە ناخۇل قىلىش، سىرىپ چېلىش، تىترىتىپ چېلىش، ئەركىلىتىپ چېلىش ئۇسۇللىرىنى ئىجادىي بېيىتىپ، تەمبۇرگە ناخۇل ئۇرۇپ چېلىشنى ۋايىغا يەتكۈزگەن. غۇلجىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلەردىن زوردۇن نۇسرەت ھۇسىيىن تەمبۇرنىڭ ناخۇل ئۇرۇشىنى ئەسلەپ: «ھۇسىيىننىڭ بىر قېتىم تەمبۇرگە ناخۇل چېكىپ، ‹ئۆسەك› ئاھاڭىغا يەككە ساز قىلغىنى يۈرىكىمگە تەمبۇر ئۆگىنىش ئوتىنى تۇتاشتۇرغانىدى» دېگەن.

ھۇسىيىن تەمبۇر 1934 - يىلى سانائىنەپەسىدە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ ھاسان تەمبۇر، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرى بىلەن بىللە شۇ يىللاردا يېڭىدىن سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب - سەنەم»، «پەرھات - شېرىن» غا ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى كىرىشتۈرۈشتە زور ھەسسە قوشقان، «جۇنۇن 2 -»، «دېھقان ناخشىسى»، «مۇجدى كەلدى»، «كېردىم يولۇڭغا» قاتارلىق ئاجايىپ نەپىس ئاھاڭلارنى ئىشلىگەن.

ھۇسىيىن تەمبۇر كېيىن سانائىنەپەسىدىكى پىشقەدەملەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن كۇرەدە ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىندە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1938 - يىلى شۇ مەكتەپتە كېزىك بولۇپ يىقىلىپ، غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 34 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 7. روزى تەمبۇر



روزى تەمبۇر 1892 - يىلى ئەزىز ئاخۇننىڭ چەلەكتە ئالغان ئايالىدىن تۇغۇلغان. ئەزىز ئاخۇن سازەندىلەر بىلەن باردى - كەلدىسى قويۇق، ناخشا - سازغا خۇمار ئادەم ئىدى، ئانچە - مۇنچە ساز چالاتتى، ھاپىزلىقمۇ قىلاتتى. ئۇ ئوغلى روزىنى دائىم مەشرەپ، ئولتۇرۇشلارغا ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ باراتتىكەن. روزى تەمبۇرنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارى ئۆسمۈر چېغىدىلا بىلىنىپ، ئون نەچچە ياشلارغا يەتمەستىنلا دۇتار، تەمبۇر چېلىش بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ «بالا سازەندە» دەپ داڭق چىقارغان، ياركەنتتە يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت گۇرۇپپىلىرىغا قاتناشقان، كې-

يىن ئىلىغا ئۆتۈپ، سۈيدۈڭدە بىر مەزگىل تۇرغان.
بۇ چاغلاردا سۈيدۈڭ ناھايىتى ئاۋاتلاشقان بولۇپ، بۇ يەرگە نۇرغۇن چالغۇچىلارمۇ توپلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇقام ئۇستىسى ئابلا دۇمباقمۇ بار ئىدى. ئابلاق دۇمباق روزى تەمبۇردە مۇقام ئاھاڭلىرىغا بولغان دەسلەپكى قىزىقىشنى ئويغاتقان. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا خەلق ئىچىدە «كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى ھاسان تەمبۇر، موللا ئابلانىڭ شاگىرتى روزى تەمبۇر» دېگەن گەپ تارقالغان.
1916 ـ يىلى روزى تەمبۇر يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن غۇلجىغا كەلدى ۋە بۇ يەردە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى. روزى تەمبۇرنىڭ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ئۇنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچرىشىشى بولدى. روزى تەمبۇر كۆچلۈك مۇزىكا تۇيغۇسى، دىتى، تالانت كۆزى بىلەن كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ يېتىشكەن بىر مۇزىكا ئالىمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەپسۇسكى، روزى تەمبۇرنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن تونۇشقان ۋاقتى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغان يىللىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ روزى تەمبۇر ئۆز ئۇستازلىرىدىن نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۇردى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تەمبۇردە ئىجاد قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبىنى ياراتتى.
روزى تەمبۇر ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تالانتلىق مۇزىكانت. مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئېيتىشىچە، روزى تەمبۇر چاڭ، ساتار، غىجەك، نەي، سۇنەي، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق كۆپ خىل چالغۇلارنى چېلىشقا ماھىر بولۇپ، چالىدىغان ساز قورالى بولمىغان سورۇنلاردا چىنە ـ قاچىلارغا سۇ قۇيۇپ تەڭشەپ، چوكا بىلەن ئورۇن نەغمە قىلىۋېرەتتىكەن. روزى تەمبۇر سانائىنەپەسىدە ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب ـ سەنەم» نى سەھنىلەشتۈرۈشكە مۇھىم ھەسسە قوشقان. شۇ يىللاردا سەھنىلەردە ئوينالغان كۆپلىگەن سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇقام ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇزىكا ئىشلەپ كىرگۈزۈپ، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تاماشىبىنلارغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتكەن، بىر قىسىم ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئىشلىگەن.
روزى تەمبۇر ئىلى سانائىنەپەسىنىڭ باشتىن ـ ئاياغ سەنئەت يېتەكچىسى بولۇپ تۇرغان ئاساسلىق رەھبىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىدا ئاچقان مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، شۇ كۇرستا تەربىيىلەنگەنلەر كېيىن ئۇزاق يىللارغىچە ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ رول ئوينىدى. روزى تەمبۇر ئاچقان كۇرسلار تاماملانغاندا ئەخمەتجان قاسىمى شەخسەن ئۆزى روزى تەمبۇرنى شۆكەمنىڭ پۇلىغا يارامىلىق ئىككى ئاتنىڭ پۇلى بىلەن تارتۇقلىغانىكەن.
شۇ چاغلاردا ئىلىدىكى مۇقامچىلار مۇنداق ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنگەن: يەنى، ھاسان تەمـ

بۇر، جامى ئاكا قاتارلىق ياش قۇرامى چوڭراق چالغۇچىلار ئىلىنىڭ كونا مۇقامچىلىق
ئۇسلۇبىدا — پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، موللاگايىت ۋە
پەخەم ئۇسلۇبىدا چالسا، روزى تەمبۇر، ھۆسىيىن تەمبۇر قاتارلىق ياش سازەندىلەر كارۇ-
شاڭ ئاخۇنۇم، ئابلا دۇمباق ئۇسلۇبىغا مايىلراق ئىدى. سانائىنەپىسىدە بىرلىكتە ساز چې-
لىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، تولۇقلاش، سەھنە ئەسەرلىرىگە بىرلىكتە مۇزىكا ئىشلەش، مۇزد-
كا ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈرىيەتلىرى ھاسان تەمبۇر بىلەن روزى تەمبۇر ۋەكىللىك قىلغان
ئىككى ئۇسلۇبنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

روزى تەمبۇر كارۇشاڭ ئاخۇنۇم، ئابلا دۇمباق، جامى ئاكا، بارات تەمبۇر، ھاسان تەمبۇر
قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىدىن ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ،
رەتلەپ، تولۇقلاپ، ئىلى ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تىكلىگەن. 1951 -
يىلى ئۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا
ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇنلار بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قۇتقۇزۇش
خىزمىتىگە قاتنىشىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇ قېتىم روزى تەمبۇر لېنتىغا
بەرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى 12 مۇقەددىمە، 22
داستان، 22 مەرغۇل، 44 مەشرەپ بولۇپ، جەمئىي 100 نەغمە ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان. بۇ
سەنئەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر.

روزى تەمبۇر لېنتىغا بەرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارد-
يانتى دولان، قۇمۇل قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ نەغمىلىرىگە ئوخشاش مۇستەقىل يەرلىك مۇ-
قام ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىدىن ئىبارەت ئانا غولدىن
شاخلاپ چىقىپ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، خاراكتېرى، قوبۇل
قىلىش ئادىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا قايتا ئۆزلەشكەن، ئون ئىككى مۇ-
قامنىڭ ئىجادىي راۋاجلانغان ئۆزگىچە بىر نۇسخىسى. ئىلى مۇقامىدا بىز ئۇيغۇر
كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ قەدىمىلىكىگە مەنسۇپ سالمىقىنىمۇ، يەنە
ئۆزىگە خاس يەرلىك پۇراق، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا بولىدىغان ياڭراقلىق، جۇشقۇنلۇق-
نىمۇ ھېس قىلىمىز.

روزى تەمبۇر 1956 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى
قاتارىدا بېيجىڭغا بېرىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا
قاتنىشىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان ۋە شۇ قېتىم
ئۇ پايتەختتە سەھنىلەردە ئۇيغۇر تەمبۇرىنىڭ ساداسىنى ياڭرىتىپ تاماشىبىنلارنىڭ زور
ئالقىشىغا ئېرىشكەن. روزى تەمبۇر 1957 - يىلى ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

پاتقا ئېرىشتى. مىجىت يۇنۇس ئوقۇتۇش داۋامىدا سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىپ ياپونىيە، ئىران قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە چىقىپ ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە بەلگىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن مىجىت يۇنۇس كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنەۋۋەر يېتەكچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا 2002 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ DVD، VCD، CD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىشىگە قاتنىشىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار شەخس» نامىغا، 2005 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «3 تە تەربىيىلەشتىكى ئىلغار شەخس» نامىغا، 2006 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى» نامىغا، 2008 - يىل 12 - ئايدا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» نامىغا نائىل بولدى.

مىجىت يۇنۇس ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپلا قالماي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بۇ ساھەدىمۇ خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 2005 - يىل 1 - ئايدا ئۇ قاتناشقان «مۇقام ئوقۇتۇشى، تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىدە يېڭى سىستېما بەرپا قىلىش» تۈرى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئىنستىتۇت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇرلاردىكى تەنبۇر چالغۇسىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى» غا رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىدى. «ئىلى ۋە كۇچا خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ئوركېستىرلاشتۇرۇلۇش ئۇسۇلى» قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ «ئۇيغۇر مۇقام مائارىپى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى»، «20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى»، «تەنبۇرنىڭ مىللىي ئوركېستىردىكى رولى ۋە ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

مىجىت يۇنۇس 1992 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 2006 - يىل 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 2005 - يىل 9 - ئايدا فۇجيەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاسىيا - تىنچ ئوكيان مىللىي مۇزىكا جەمئىيىتىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. 2009 - يىل 3 - ئايدا ئەزەربەيجاندا ئۆتكۈزۈلگەن «مۇقامى ئالەم» تېمىسىدىكى خەلقئارا مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «ئۇيغۇر مۇقام مائارىپى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇدى ۋە شۇ تېمىدىكى مۇقام فېستىۋالىدا چەبىيات مۇقامىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئورۇنداشقا قاتنىشىپ «پارلاق، ئۈنتۈلماس، سېھىرلىك ئاۋاز» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مىجىت يۇنۇس ھازىر «شىنجاڭ ئۇيغۇر تەنبۇر چالغۇسىنىڭ ئاۋاز تۈسى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ.

پاتقا ئېرىشتى. مىجىت يۈنۈس ئوقۇتۇش داۋامىدا سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىپ ياپونىيە، ئىران قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە چىقىپ ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە بەلگىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن مىجىت يۈنۈس كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنەۋۋەر يېتەكچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا 2002 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ DVD، VCD، CD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىشىگە قاتنىشىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار شەخس» نامىغا، 2005 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «3 نە تەربىيىلەشتىكى ئىلغار شەخس» نامىغا، 2006 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى» نامىغا، 2008 - يىل 12 - ئايدا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» نامىغا نائىل بولدى.

مىجىت يۈنۈس ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپلا قالماي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بۇ ساھەدىمۇ خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 2005 - يىل 1 - ئايدا ئۇ قاتناشقان «مۇقام ئوقۇتۇشى، تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىدە يېڭى سىستېما بەرپا قىلىش» تۈرى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئىنستىتۇت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇرلاردىكى تەنبۇر چالغۇسىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى» غا رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىدى. «ئىلى ۋە كۇچا خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ئوركېستىرلاشتۇرۇلۇش ئۇسۇلى» قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ «ئۇيغۇر مۇقام مائارىپى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى»، «20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى»، «تەنبۇرنىڭ مىللىي ئوركېستىردىكى رولى ۋە ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

مىجىت يۈنۈس 1992 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 2006 - يىل 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 2005 - يىل 9 - ئايدا فۇجيەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاسىيا - تىنچ ئوكيان مىللىي مۇزىكا جەمئىيىتىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. 2009 - يىل 3 - ئايدا ئەزەربەيجاندا ئۆتكۈزۈلگەن «مۇقامى ئالەم» تېمىسىدىكى خەلقئارا مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «ئۇيغۇر مۇقام مائارىپى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇدى ۋە شۇ تېمىدىكى مۇقام فېستىۋالىدا چەبىيات مۇقامىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئورۇنداشقا قاتنىشىپ «پارلاق، ئۇنتۇلماس، سېھىرلىك ئاۋاز» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مىجىت يۈنۈس ھازىر «شىنجاڭ ئۇيغۇر تەنبۇر چالغۇسىنىڭ ئاۋاز تۈسى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ.

封面设计　阿不都热合曼·阿不力孜

# تەمبۇر دەرسلىكى

ISBN 978-7-5370-7473-5

باھاسى: 50.00 يۈەن (民文, 上下册)